# نىشان - ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلانغان تۇنجى يىل، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى. بىز قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكتىن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تونۇش كېرەك، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى دۆلىتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى پىرىنسىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى، تۈپ ئاساسىي مەقسەت، مەسىلە يۆنىلىشى، كۆلپەت ئېڭىنى چىقىش قىلغان ھالدا يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردە ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. ئىلىم - پەن روھى بىلەن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك، ئىجادىي تەرەققىيات، ماس تەرەققىيات، يېشىل تەرەققىيات، ئوچۇق تەرەققىيات، ھەمبەھىرە تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن تەپەككۇر قىلىش، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك پىلانلاش، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، پۈتۈن گەۋدە خاراكتېرلىك ئالغا سىلجىتىشنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىغا قارىتا چىقىرىلغان سىستېمىلىق پىلانلاش ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىلارنى كەم - كوتىسىز دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئەمەلىيەتچىل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، 1-، 2-، 3 - كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» قاتارلىق نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تۇتۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاق مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئەمەلىي ئىشلەش ئىستىلى بىلەن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈگىتىپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتىكى سىياسىي ئىقتىدار، ئىستراتېگىيەلىك نەزەر، كەسىپ سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى ساھەلەر بىرلەشمە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇزاكىرە يىغىن مەيدانىدا، گاۋ خۇاڭگاڭ، مەمەت جۇمە، ئامىنە ۋارخان، چېن يىڭ، خەن مىڭيەن قاتارلىق ئەزالار ئىلگىرى - كېيىن سۆز قىلدى. چېن چۈەنگو بىر تەرەپتىن ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن خاتىرە قالدۇردى، پات - پات كۆپچىلىك بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى. كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: ئۆتكەن بىر يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ چارە - تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. يېڭى بىر يىلدا، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي جەھەتتە كېڭەشىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئالغا سىلجىتىشتىكى قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك. ئىدىيەۋى - سىياسىي يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى تېرىشىپ قوزغىتىپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى سىياسىي جەھەتتە قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىش، ئىدىيە جەھەتتە قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىش، نەزەرىيە جەھەتتە قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىش، ھېسسىيات جەھەتتە قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشكە يېتەكلەش كېرەك. ۋەزىپىنى ئادا قىلىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ئالاقىلىشىش دائىرىسى كەڭ بولۇش، يوللىرى راۋان بولۇش، ئىختىساسلىقلار يىغىلغان بولۇش، ئەقىل - كۈچ توپلانغان بولۇش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پائال تۈردە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى قوغداش، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگولاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك. سىياسىي كېڭەشنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ خاراكتېر ئورنىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىدىيە، سىياسىي قۇرۇلۇشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىپ تەكلىپ بېرىشتىكى «كۈچەش نۇقتىسى» ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىكى «بىرىكىش نۇقتىسى»نى توغرا تېپىش كېرەك؛ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە سىياسىي كېڭەشنى چۈشىنىش، كېڭەشىشنى بىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ماھىر بولۇش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، قائىدىگە ئەھمىيەت بېرىش، ئەخلاق - پەزىلەتكە ئەھمىيەت بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدىكى سۇبيېكتلىق رولىنى، ئۆز خىزمىتىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى، ساھە، ئاممىا ئارىسىدىكى ۋەكىللىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى تېخىمۇ ياخشى مۇجەسسەملەشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرىدىن چېن چۈەنگو، شەۋكەت ئىمىن، جۇ خەيلۇن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى. شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا، يىغىن كاتىباتى باشقارمىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ سايلام ۋە ئاۋازغا قويۇش چارىسى لايىھەسىگە قاراپ چىقىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ، چارە لايىھەسىنى ئومۇمىي يىغىندا ئاۋازغا قويۇشقا سۇنۇش قارار قىلىندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: 2020 - يىلى، شىنجاڭ يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، جەمئىيەت مۇقىملىقى قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا «قوش غەلىبە»نى قولغا كەلتۈردى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى تۈپتىن ئېيتقاندا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدىن، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىدىن، دۆلەتنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرىنىڭ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، جاسارەت بىلەن ئېلىشىپ، قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىدىن بولدى.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننىڭ باشلىنىش يىلى بولۇپ، بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، تىرىشىپ «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك. قەشقەر ۋىلايىتى 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە سىجىل كۈچەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىپ، دەل جايىدا ئىگىلەپ، تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ ھەم ئۇنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى پائال بەرپا قىلىشتا سىجىل كۈچەپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەلالاشتۇرۇپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىچكى - تاشقى ئېچىۋېتىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن كېڭەيتىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش جەھەتتە سىجىل كۈچەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، يېزا - كەنت قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى چوڭقۇر يولغا قويۇش، بولۇپمۇ نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇشقا، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ياخشىلاش جەھەتتە سىجىل كۈچەپ، خەلق تۇرمۇشى تۈرى قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئاممىا خىزمىتىنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇش كېرەك. تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش جەھەتتە سىجىل كۈچەپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىپ، مۇقىملىق پايدىسىنى تولۇق قويۇپ بېرىپ، ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەزا شېڭ چۈنشۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مەدەنىيەت - تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئۆگىنىش كومىتېتىغا ۋاكالىتەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كۈچ قوشۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئەزا پاتىگۈل مەمەت مائارىپ ساھەسىگە ۋاكالىتەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، مەدەنىيەت ۋاستىلىرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى مەردانىلىك بىلەن ياخشى سۆزلەپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشتىكى مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

ئەزا باقىتنۇر ئىنايەت سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، «بەشنى قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىش، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە پائال كېڭەشىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ئورتاق ئىدىيە ئاساسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك.

ئەزا يۇ شۆبېي مۇنداق تەكلىپ بەردى: دىن ساھەسىنىڭ ئاڭلىق، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىدىيە قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، تۈزۈم قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇش، ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇشىنى قوللاپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

ئەزا خەن جۈن مۇنداق تەكلىپ بەردى: پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، مائارىپ سۈپىتى، مائارىپ ئىسلاھاتىدا يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ مائارىپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئەزا جياڭ پېڭئەن جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىغا ۋاكالىتەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: يېزا ئېلېكترون سودىسى، ئەشيا ئوبوروت سودىسى، يېزا ئىگىلىكى ئىسترادەت، ئېكسكۇرسىيە ساياھىتى، يېزا - كەنت پۇقراۋى قونالغۇسى قاتارلىق يېڭى كەسىپ، يېڭى كەسىپ ھالەتلىرىنى پائال يېتىلدۈرۈپ، ئۈنۈملۈك ھالدا كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، قىممەت زەنجىرىنى ئۆستۈرۈپ، مەنپەئەت زەنجىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشۇش كېرەك.

ئەزا ئەنۋەر تۇرسۇن مۇنداق تەكلىپ بەردى: سىياسەت، پۇل مۇئامىلە مەدەتتى سالمىقىنى زورايتىپ، يېزا ئىگىلىك كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىشتىكى قوشۇلما قىممەت پايدىسى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش پۇرسىتىنى دېھقانلارغا قالدۇرۇپ، يېزا - كەنتلەردىكى 1-، 2-، 3 - كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئەزا بۇرھان قاھار مۇنداق تەكلىپ بەردى: رەقەملىك ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، شىنجاڭنى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايوندىكى چوڭ سانلىق مەلۇمات بايلىقى بازىسىغا ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭدا ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇش كېرەك.

ئەزا شيې شۈەن ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ۋاكالىتەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئەمگەك كۈچلۈملەشكەن كەسىپلەر، خاس ئەۋزەل كەسىپلەرنى يۇقىرى پەللىدىن پىلانلاپ، كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مېخانىزمىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ قانىتىنىش سالمىقىنى زورايتىپ، كۆلەمدىن يۇقىرى بىر تۈركۈم كەسىپلەر توپى بەرپا قىلىش كېرەك.

ئەزا ما خۇادۇڭ جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىغا ۋاكالىتەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: خاسلىققا ئىگە يايمىلار ھەم ئەتىگەنلىك، كەچلىك بازار ئىگىلىكىنى مۇۋاپىق، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چوڭ سانلىق مەلۇمات قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئىنچىكىلەشكەن، قېلىپلاشقان ئەندىزە ئارقىلىق شەھەر ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ، شەھەرنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

ئەزا سۇن بىن سۆزىدە مۇنداق دېدى: «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە، گېئولوگىيە ئىشلىرى زور نەتىجە يارىتىدىغان مۇھىم پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئېنېرگىيە ۋە ئىستراتېگىيەلىك قېزىلما بايلىق بىخەتەرلىكىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كانچىلىق خەلقئارا ھەمكارلىقنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قېزىلما بايلىقلارنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ئەزا ۋاڭ جياڭ مۇنداق تەكلىپ بەردى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، مۇقىملىقنى قوغداش، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش، ئىدېئولوگىيە، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەردە نىزام چىقىرىش ھەم ئالاقىدار قانۇنچىللىق كاپالىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئەزا گاۋ فاشۈي مۇنداق تەكلىپ بەردى: ساغلام شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىش، يوچۇقلارنى ئېتىشنى تېزلىتىپ، بىر يۈرۈش مۇكەممەل بولغان ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

ئەزا ئىبرامۇقاممەد رەشى سۆزىدە مۇنداق دېدى: سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، سىياسىي ئىگىلەش ئىقتىدارى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىقتىدارى، ھەمكارلىشىپ ئورتاق ئىشلەش ئىقتىدارى، ئاممىا بىلەن ئالاقىلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ ئۆستۈرۈپ، دەۋرنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، ئەزالىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، پېڭ جيارۈي، جارۇللا ھېسامىدىن، جاۋ جۇڭجيۇۋ، جاۋ چىڭ، مەڭلىك سىيىت، قادىلبېك قامزا، سۈن خۇڭبېي يىغىنغا كېلىپ ئەزالارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشقا قاتناشقاندا مۇنداق كۆرسەتتى: يېڭى باسقۇچ، يېڭى مۇساپە ئالدىدا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، باشتىن - ئاخىر خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەپ، يېڭى دەۋردە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش كېرەك.

شەۋكەت ئىمىن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلغان، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن، شىنجاڭنىڭ ئۆتكەن بەش يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى بەش يىللىق، ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاق بىر مەزگىللىك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۇلۇغۋار پىلانى ئىلمىي سۈرەتلەنگەن، كىشىلەر قەلبىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان، روھنى ئۇرغۇتىدىغان، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان ياخشى دوكلات بوپتۇ، مەن تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن.

شەۋكەت ئىمىن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى دۇچ كېلىدىغان ۋەزىيەت دەل جايىدا تەھلىل قىلىنىپتۇ، بېكىتىلگەن نىشان - ۋەزىپىلەردە مەۋقە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئورنىنى بەلگىلەش تەلىپىگە قويۇلۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات شارائىتى ئۇنىۋېرسال ئويلىشىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئىنكاس قايتۇرۇلۇپ، كەلگۈسىدىكى گۈزەل مەنزىرە نامايان قىلىنىپتۇ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئاساسىي تېمىسى گەۋدىلەندۈرۈلۈپتۇ، ئورۇنلاشتۇرۇش ئىلمىي، پۇختا، سىستېمىلىق، ۋەزىپە ئېنىق، تەدبىرلەر كونكرېت بوپتۇ. بىز پەقەت ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى پۇختا ياخشى ئورۇنداساق، تەرەققىيات نىشانىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ گۈزەل ئەتىنى يارىتالايمىز.

شەۋكەت ئىمىن مۇنداق دېدى: بۇ يىل «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان يولغا قويۇلغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلانغان تۇنجى يىل بولۇپ، بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. كوردىناتنى توغرا تېپىپ، يۆنىلىشنى توغرا تاللاپ، نىشان مەركىزىنى نىشانلاپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى كۆپرەك قوللىنىپ، چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، ھەربىر خىزمەت، ھەربىر ۋەزىپە، ھەربىر ئىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.